# تاماكا چېكىش ۋە تاشلاش

(ھېكايە)

ئۆمەرجان ئوسمان (ئەپچىلەم)

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# تاماكا چېكىش

تاماكا ـ جاننى ئالغۇچى قاتىل، تاماكا ـ شۆھرەتنىڭ سىمۋولى.....

ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەكتەپكە يېڭى كىرگەن چاغلىرىمىزدا ،بىزدىن يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇيدىغان باللارنىڭ بۇرۇنلىرىدىن، ئېغىزلىرىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىشقا ۋاتقانلىقىنى ،ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاچچىق ئىسنىڭ تەسىرىدىن قاتتىق ھۆتىلىپ چىرايلىرىنى ئۆپكىدەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا ئۇلارنى ساراڭغا ئوخشىتىپ قالاتتىم، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن مەنمۇ ئىككىنچى يىللىققا چىقتىم، ئازراق ئەقىل كىرگەنمۇ بولدى، تاماكا چېكىدىغانلار يەنىلا ئەتراپىمدا بار، يەنە كېلىپ ھەممىسى يۇقىرى يىللىقنىڭ باللىرى، مەكتەپتە شۇلار ئاتامان، ھېچكىمدىن قورقمايدۇ، نىمە دېسە شۇلارنىڭ ھېساپ. كىچىك چاغلىرىمدا خېلى سۇقۇ شقاقتىم، سىنىپتىكى باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسام ماڭا كۈچى ياتمىسە يۇقىرى يىللىقتىكى ئاكىلىرىنى باشلاپ چىقاتتى، ئاكىسى بولغاندىمۇ بايا مەن ئېيتىپ يۈرگەن چىكەرمەن ئاكىلىرىنى باشلاپ چىقاتتى،كۈچۈم يەتكەنلەر بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ سوقۇشاتتىم،ياكى بولمىسا بەش مىنۇتلۇق تاياق توخماقنىڭ ئاستىدا قالاتتىم ، كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆزلۈك ئېڭىم بەك يۇقىرىمۇ قانداق مەكتەپتىكى ئىشنى پەقەتلا ئۆيگە سۆرەپ بارمايتىم، لېكىن ئاپام ئەلپازىمنى كۆرۈپ اللا ـ توۋا ئېيتقىنىچە قولۇمنى يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىشقا تەرەددۇد قىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆگىنىش قىلىمەن دەپ ھۇجرامغا كىرىپ كېتەتتىم، بۇنداق چاغلاردا دادام ئارىغا چۈشۈپ

بولدى خوتۇن ، ئوغۇل بالا دېگەن تاياقتا پىشىدۇ دەپ ئاپامنىڭ يولىنى توساتتى، دادامنىڭ مۇشۇ مىجەزىگە بەكلا ئامراق مەن، ئىمتىھانلاردا ئوتتۇرچە نەتىجەم سەكسەندىن چۈشمىسلا مەكتەپتە نىمە ئىش چىقارمىمۇ كارى يوق، ئەلۋەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىمدا بىرەر پەندىن سەكسەندىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ باققانلىقىمنى بىلمەيمەن، شۇنداق چېچەن بالا ئىدىم، لېكىن نىمىشقىكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەن بىلەن ئانچە خوشى يوقمىكى دەپ ئويلاپ قالاتتىم ئۆزۈمچە، ھەر دۈشەنبە كۈنىدىكى سىنىپ يىغىنىدا، ھەر كۈنلۈك كەچكى دەرس خۇلاسىلەشلەردە بولسۇن ئىسمىم چىقماي قالمايتى، ئەپچىلەم ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقان ، توپ ئويناپ پالانى سىنىپنىڭ دەرىزىسىنى چېقىۋەتكەن دېگەندەك ...لېكىن مەن يەنىلا بىپەرۋا، تۆلەپ بېرىدىغان ئاتا ـ ئانام بار دەپ خاتىرجەم.شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا سىنىپتىكى بىرى بىلەن مەرمەر ئويناپ ئۇرۇشۇپ قالدىم، شۇ چاغنى ئويلىسام

ئۆزۈممۇ ھەيران نەدىن كەلگەن يۇرەك دەيمەن ئۇنىڭغا، شــۇ چاغلاردا مېنىڭ بۇيۇم ســـىنىپ بويىچە ئەمەس پاراللېل يىللىقلار بويىچىمۇ خېلى ئېگىز ھىســــاپلىناتتى، پاراللېل يىللىقلاردىكى ھەممەيلەن مېنىڭ جىدەلخور ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكىمۇ مەن بىلەن ئالدىراپ ســــوقۇشــــمايتى، ئەلۋەتتە تاماكا چېكىدىغان ئاكىســى بارلىرى بۇنىڭ سـىرتىدا،چۈنكى ئۇلار كېلىپ قالسـا يالغۇز كەلمەيدۇ.يەنە شـۇ تاماكا چېكىدىغان دوســتلىرىدىن بىر نەچچىنى باشــلاپ ئەكەلســە ۋەزىيەت ماڭا پايدىســىز بولۇپ قالاتتى.شــۇنداق قىلىپ گەپكە كەلســەك شــۇ قېتىمقى ئۇرۇشــۇشــتىن كېيىن ئۇ ماڭا تەك كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچ ئۆزىدىن ئىككى ســىنىپ يۇقىرى ئوقۇيدىغان بىر ئاكىســىنى باشــلاپ ئەكەلدى، ئۇنىڭ گەپلىرى شــۇنچىلىك قاتتىق، ئۇ چاغلاردا مەكتىپىمىزدە چوڭ باللار بىزدەك كىچىكلەرنى ماڭقا دەپ تىللاش ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى، ئۇمۇ كېلىپلا گەپنى ماڭقىدىن باشــلىغان ئىدى ،گەرچە مەن ئۇنىڭدىن كىچىك بولساممۇ مېنى ئۇنداق دەپ تىللىسا بولمايدۇ،دە،شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنى ئېغىز بۇزۇپ تىللىغان بولدۇم،ھەش-پەش دېگۈچە ئۇرۇش باشــلاندى، ئەتراپىمىز چەمبەردەك قورشالدى، ھەر ئىككىلىمىز ئۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە،تەرەپ-تەرەپتىن بىزنىڭ تاماشارىمىزنى كۆرگەن باللارنىڭ قىقاس چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

- ئايرىپ قۇيايلى، مېڭىڭلا...

- جىم تۇرىشە ھەي...

جىم تۇرىشــە دېگەنلەر كۆپىنچە چاغلاردا تاماكا چېكىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار مۇشــۇنداق كىشــلەرنىڭ ئۆز-ئارا ئۇرۇشقىنىنى كۆرشكە خۇشتار.

- تارتىشە قولۇڭنى!

بىر قولىنىڭ گەۋدەمنى تارتقىنچە پۇت-قولۇمنى ھاۋاغا بىر نەچچىنى پۇلاڭلاتقىنىمچە ئۇنىڭدىن ئاجرىدىم.

ئەمدىلىكتە بولســا تۇشــمۇ-تۇشــتىن ئەيىپلەش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.مېنى ئەمەس بەلكى مەن ئۇرۇشقان ھېلىقى باللىنى ئەيىپلەۋاتاتتى، بەزەنلىرى چوپچوڭ تۇرۇپ كىچىكلەرنى بوزەك قىلىپتۇ دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئىشــۇ كىچىك ماڭقىدىن تاياق يېگىنىنى قاراڭلار دەپ ئۇنىڭغا قاراپ مەســخىرىلىك كۈلەتتى، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن باشلانغۇچ يىللىقتىكى باللار مەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى، چوڭ ســــىنىپتىكى تاماكا چېكىدىغان باللارنىڭمۇ بوزەك قىلىدىغان

ئىشلىرى ئازلاپ قالدى، بەزى چاغلاردا چوڭ سىنىپ باللىرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ قالسام ، تاماكا چېكىدىغان باللار مېنى كۆرسىتىپ ـ ھەي سەن ھېلىقى قايسى كۈنى ئۇرۇشقان شۇمتەك شوغۇ ، يامانكەنسە ئۇكام، كىم سېنى بوزەك قىلسا ئۇدۇللا مېنى ئىزدە ،پالانى يىللىق پۇستانى سىنىپتىن دېسەڭ مېنى ھەممىسى تونۇيدۇ،دەپ نەچچىلىرى بىلەن ئاكا ئاغىنە بولۇپمۇ قالدىم.

ـ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان دادام ماڭا مەكتەپتىكى يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلاشما، تاماكا دېگەنگە يېقىن يولىما دەپ تەربىيە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق مەن بۇنىڭدىن خاتىرجەم ،ئۆگىنىش نەتىجەم تۆۋەنلەپ كەتمىسىلا دادام ماڭا ئارتۇق گەپ قىلمايدىغۇ دەپ ئويلايتىم.كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتۈەردى، تۆتىنچى يىللىقنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىمۇ باشلاندى، بىر كۈنى ئاكا ئاغىنىلەرگە ئەگىشىپ ئويۇنغا كىردىم، ئۇلار كىرىپلا يانچۇقلىرىدىن تاماكىنى ئېلىشىپ ھۇزۇرلىنىپ چېكىشكە باشلىدى.

ـ ئالە ئۇكا،سەنمۇ چەكە

ـ ياق دادام تىللايدۇ، بۇنى زىيانلىق دېگەن

ـ ساراڭ ،داداڭ تاماكا چەكمەمدا؟

ـ چېكىدۇ...

ـ ئەمسە ئۆزى چېكىپ....بولدى زورلىمىدىم.

شۇ كۈنى ئۆيگە بېرىپ ئويلاپ قالدىم ،توغرا دادام چېكىدىيۇ يەنە مېنى چېكىشتىن توسايدۇ، يامان نىرسە بولغان بولسا ئۆزىمۇ چەكمەس بولغىيتى، مېنىڭچە بۇ يامان نەرسە ئەمەس بەلكى ئادەمنى يامان قىلىۋېتىدىغان نەرسە ئوخشايدۇ،شۇڭا دادام چەككەچكە ئۆيىمىزدە ھەممىسى دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، مەكتەپتىمۇ شۇلار چەككەچكە مەكتەپتە ھېچكىمگە بوزەك بولماي خەقنى بوزەك قىلىپ يۈرىدۇ، مەنمۇ بىر چېكىپ باقمايمەنمۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى باللار بىلەن بىرگە ئويۇنغا كىرىپ ئۇلار رەت ـ رەت تەڭلىگەن تاماكىنى مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ ھاياتىمدىكى بىرىنچى تاماكىنى ئېغىزىمغا ئالدىم،ئالدىميۇ ئاچچىق ئىسنىڭ تەسىرىدە ئارقامغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىم، چىرايلىرىم ئۆپكىمدەك قىزىرىپ، كانايلىرىم بىر نەرسە بىلەن قىرغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ھالىمنى كۆرگەنلەر ماڭا قاراپ تازا كۈلۈشەتتى، شۇنداق قىلىپ تاماكا

چېكىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئوبۇرنىدا باشلاندى، خېلى بىر چاغلارغىچە باشقىلار تەڭلىگەن تاماكىنى چېكىپ يۈردۈم، كېيىنچە مېنىڭمۇ يۈزۈم قىزاردى، دوستلىرىممۇ باھانىلىرىنى كۆرسىتىشىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ پارچە خىرا پۇللىرىمغا تاماكا ئېلىپ چېكىدىغان بولدۇم. بەڭگىلىك ھاياتىم شۇنداق قىلىپ باشلاندى. چەكمىگەن چاغلىرىمدا دادام مېنى سۆيۈپ قوي دېسە تاماكا پۇرايدىكەنسىز دەپ يۈرگەن بولسام ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تاماكا پۇرايدىغانلىقىنى دادامغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشمىسام بولمايتتى.

ھەش-پەش دېگۈچە ئۇقۇش پۈتتۈرۈش يىلىمىزمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، نېمىشقىكىن مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نەتىجەم كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى، دەرس ۋاقتىدا دىققىتىمنى يىغالمايدىغان تۇرۇپ-تۇرۇپ ئەسنەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم، مەندىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئاتا ئانام ئەندىشە ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى مېنىمۇ ئەندىشىگە رام قىلاتتى، قايسى كۈنى تاماكا چەككەنلىكىمنى خانىم كۆرۈپ قالغانىدى، دەپ قويارمۇ؟ مەكتەپ كىيىمىمنىڭ تاماكىنىڭ چوغىدا كۆيۈپ قالغانلىقىنى ئانام كۆرۈپ قالارمۇ دېگەندەك ئەندىشىلەر ماڭا بېسىم پەيدا قىلاتتى. شۇنداق بېسىملار ئىچىدە كۈتكەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، ئۆيدىكىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمنى بىلىپ قالدى، ئاچچىق-تاتلىق تەربىيەلەرنىڭ ھەممىنى بەردى، مەنمۇ ئاستا-ئاستا تاماكىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇم، لېكىن بىر يىللىق تاماكا چېكىشىم ئالتە يىللىق ئوقۇشۇمنى يوق قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇش نەتىجەمدە ئۆزگىرىش يوق، ئەلۋەتتە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن يەنىلا ئاساسلىق سەۋەبىنى مۇشۇ تاماكا دەپ ئويلايمەن، تولۇقسىزغا چىققاندىن كېيىن ئوقۇشۇمدا ئىزچىللىق بولمىدى، ئوقۇشۇممۇ خوش ياقماس بولدى، جەمىيەتنىڭ ناچار قاتلاملىرىدا تاماكا چېكىشنى يەنە ئۆگىنىۋالدىم. مانا ئەمدىلىك تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن شۇئارنى توۋلىغاچ سۆلەتۋاز بەڭگى قاتاردا باشقىلارنى تاماكا چېكىشتىن توساۋاتىمەن.

## تاماكا تاشلاش

تاماكا چېكىشنى ئۆگەنگەن ئىكەنمەن ئەلۋەتتە تاماكا تاشلاشنىمۇ ئۆگىنىشىم كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، تاماكا چېكىش بىز ياشلارنىڭ ئارىسىدا كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان يامان ئادەتلەرنىڭ

بىرى ،گەرچە يېقىندىن بۇيان ،گېزىت ـ ژۇرنال ، ئىنتېرنېت ـ تېلېۋىزورلاردا تاماكا تاشلاتقۇزۇشقا دائىر ئېلانلارنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇرساقمۇ لېكىن بىزدىكى تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىنمۇ ياكى داڭلاۋاتقان دورىلىرىنىڭ تاماكا تاشلاتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېلاندا دېيىلگىنىدەك ئۈنۈمىنىڭ يوقلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇنداق ئېلانلارنىڭ ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى ئەمەس .بەلكىم ھەممىڭلارغا ئايان ئالدىنقى قېتىم تاماكا چېكىش دېگەن ھېكايەم بىلەن تاماكا چېكىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى قانداق باسقانلىقىم توغرىلىق ھېكايە ئۈستىدە توختالغان ئىدىم.بەلكىم ھەممىڭلار قانداق قىلىۋاتىسىز ،يەنە چېكىپ يۈرىۋاتامسىز دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن.

جاۋاپ بىرلا ھەئە يەنىلا چېكىۋاتىمەن ،بەلكىم ئىسىت دەپ قالغانلارسىلەر ھە.

مەنمۇ ئىسىت دەيمەن بۇ ھالىمغا قاراپ ،چۇقۇم تاشلايمەن .خوش ئەمدى نەخ گېپىمىزگە كەلسەك بۈگۈنمۇ يازماقچى بولغان ھېكايەم يەنىلا تاماكا توغرىلىق. ئەسلى تىمامنىڭ ماۋزۇسىنى بەڭگىنىڭ خىيالى دەپ قويماقچى ئىدىم لېكىن بۇ خىيالنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەچ ،يۇقارقىدەك ماۋزۇ بىلەن ھېكايەمنىڭ باشلاپ كېتىشىنى زۆرۈر كۆردۈم. ھەممىمىزگە ئايان كونىلاردا بەڭگىنىڭ خىيالى دەيدىغان بىر گەپ بولىدىغان،مۇشۇ ھېكايىنى يېزىش ئۈچۈن مەن دەل مۇشۇ بەڭگىلەرچە خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە قوللىرىمنى كونۇپكا تاختىسى ئۈستىدە مىدىراتتىم، بىر چاغلاردا ئوغۇل بالىغا ئامەت بىرقېتىم كېلىدۇ ،شۇ ئامەتنى چىڭ تۇتالىسا ئۇنىڭ بەخت يوللىرى ئېچىلىپ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، ئەگەر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بىر ئۆمۈر ھە سرەت ئىچىدە پۇشايماننىڭ قاچىسىنى ئىزدەپ يۈرۈيدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدىم،بەلكىم 23يىللىق ھاياتىمدا ماڭمۇ تالاي ئامەتلەر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، نەچچىسىنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئامەتنىڭ قەنتىنى تېتىۋاتىمەن ، نەچچىسىنىڭ ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى بىلسەممۇ لېكىن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

خوش مانا بۈگۈنمۇ بەڭگىلەرچە خىيالنىڭ قوينىدا بىر ئامەتنى بايقاپ قالدىم،قانداق ئامەت دەمسىلەر دەل تاماكىدىن ئىبارەت بۇ نىجىسىتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئامالى دەل مۇشۇ بەڭگىلەرچە خىيال ئارقىلىق روياپقا چىقتى، قېنى ئەمسە نەزىرىڭلار تاماكا توغرىلىق يازغان ھېكايەمنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە بولسۇن.

*******

*******

تاماكا چېكىشتىن ئىبارەت بۇ ناچار ئىللەت مېنىڭ ئوقۇش ھاياتىمنى تو سالغۇغا ئۇچرىدى، بەلكىم نېمە ؟ تا ما كا چەككەنلەر مەكتەپتە ئوقۇ يال ما مدىكەن ،ئەتراپىمىزدا كۆرۈپ تۇرىمىزغۇ تا ما كا چېكىدىغان ئوقۇغۇچى، ئاسپىرانت،دوكتۇر، ئالىملارنى دېيىشكىلار مۇمكىن ،توغرا ئۇنداقلار ئەتراپىمىزدا خېلى بار، لېكىن ئۇلاردىكى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىدىيە تاماكىنىڭ مونوپوللىقىدىن قۇتۇلۇپ چەقاچقا ئۇلار بۇ نەتىجىسىنى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە. بىراق نىمىشقىكىن تاماكا چەككەنچە مېنىڭ ئىرادەم سۇسلىشىپ كەتتى، ئوقۇشىمۇ خوش ياقماس بولدى، شۇنىڭ بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا جەمئىيەتنىڭ قايناملىرىدا ئۆزۈمشىكە باشلىدىم، ئەتراپىمدا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋە پۈتتۈرگەن دوستلىرىم ھاياتقا يېڭىچە نەزەرلىرى بىلەن قاراۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە مەن ئەڭ پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىنىپ قارايدىغان بولدۇم، مەكتەپتىكى يامانلىقىم پەقەت ئۆتكۈنچە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدا تولىمۇ كېچىككەن ئىدىم. قانداق قىلىش كېرەك مەنمۇ بىر ئوغۇل،مەنمۇ بىر يىگىتقۇ، قاراپ تۇرماي، مەنمۇ بىر تىرىشاي، باشقىلارغا ئۆزەمنىڭ جەمىيەتنىڭ داشقىلى ئەمەسلىكىمنى ،بەلكى جەمىيەتنىڭ مەندەك بىر يىگىتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قوياي.

شۇنداق نىيەتلەر ئىچىدە زادى تاماكا تاشلاپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلدىم. كونىلارنىڭ ‹‹تىرىشقان تاشقا مىخ قاقار›› دېگەن گېپى زادى توغرا ئېيتىلغان، شۇنداق ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسىدە مانا ئاخىرى جەمىيەتتىكى بىر كىشىلىك ئورنۇمنى تاپتىم، لېكىن نېمىشقىكىن تاماكا چېكىدىغان ئادەتنى يوقىتالمىدىم،مەيلى كۆرگەن مەيلى ئاڭلىغان ئاماللارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققان بولساممۇ لېكىن پەقەتلا ئۈنۈمى بولمىدى. بوپتىلا دەپ ئويلىدىم، ھەرنىمە بولسا ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى تاپىدىغان سورۇنغا ئىگە بولغانلىقىمدىن كۆڭلۈم خوش.

شۇنداق قىلىپ مەلۇم بىر شىركەت تارمىقىدىكى بىر بۆلۈمنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئىشلەش شەرىپىگە ئېرىشىپ قالدىم، ئەتراپىمدا ماڭا يات نەزەر بىلەن قارايدىغان كىشىلەر مانا ئەمدىلىكتە ماڭا خوشامەت قىلىشىپ پايپېتەك بولۇشماقتا،مېنىڭ تاماكىغا ئامراقلىقىمنى بىلىپ قىممەت پۇللۇق تاماكىلارنىڭ سۇنۇشۇپ ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى ماڭا كۆز ـ كۆز قىلماقتا ئىدى. ھەي دۇنيا!دەپ قويىمەن بەزىدە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئادەتلىرىگە قاراپ،ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇ تۆمۈر تاۋاق كىشىلەرنىڭ نېمە كويلارغا سالمايدۇ ھە. مەنغۇ تاماكا چېكىشكە ئامراقلىقىمنى دېمىسەم،تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ ئۇنداق پارىخورلۇق دېگەنلەردىن ئۆزۈمنى خېلى يىراق تۇتۇۋاتقاندىم. ئىشلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈۋاتىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چېكىدىغان تاماكامنىڭ باھاسىمۇ ئۆسمەكتە ئىدى، بۈرۈن بەش كويلۇق ،ئون كويلۇق تاماكىلارنى چەككەن بولسام مانا

ئەمدىلىكتە يۈز كويلۇقتىن تۆۋەن تاماكىلارنى چەكمەيتىم .شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قول ئاستىمدىكى بىرەيلەن مۇئاشنى ئۆستۈرۈپ بېرىش توغرىلىق قېشىمغا كىرىپ قالدى.

ـ قانداق قىلىش كېرەك مائاش ئىشىنى باش شىركەتتىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان تۇرسا، مەن ئۆ سۆرۈپ بېرەي دەپلا بولىدىغان ئىش ئەمەستە بۇ،ناۋادا ئۇ كەتسىچۇ؟ ياق ،بۇنىڭدەك ياخشى ئىشلەيدىغان كىشىنى قولدىن بېرىپ قويسام پەقەت بولمايدۇ ،زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟توختا...

كاللامغا توساتتىنلا بىر ئەقىل كېلىپ قالدى، كىم بىلسۇن بۇ ئەقلىمنىڭ تاماكا تاشلىشىمنىڭ بىرىنچى يول خېتى ئىكەنلىكىنى. ئۇنىڭغا بولىدۇ ئۇكام ،كېلەر ئايدىن باشلاپ مۇئاشىڭنى ئۆستۈرۈپ بېرەي دەپ چىرايلىق يولغا سالدىم.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن بەلكىم سىلەر ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مائاش ئۆستۈرۈش بىلەن تاماكا تاشلاشنىڭ قانداق باغلىنىشلىقى بار دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن ، ئۇنتۇپ قالماڭلار ئوقۇرمەنلىرىم يېزىۋاتقىنىم بەڭگىنىڭ خىيالى ،بەڭگى نېمىلەرنى خىيال قىلمايدۇ، بولۇپمۇ مەندەك ھېكايىلەرنى ئاساسەن دېگىدەك خىيالىزىم نوقتىسىدا تۇرۇپ يازىدىغانلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.خوش ئەمسە ھېكايىگە قايتىپ كېلەيلى.

ئۇ بالىنى چىقىرىۋېتىپ كۆڭلۈمدە چوت سوقۇشقا باشلىدىم.ھازىر مەن **110** كويلۇق تاماكا چېكىمەن ، ئەگەر سەكسەن كويلۇق تاماكا چەكسەم،ئوتتۇز كوي تېجىلىدۇ دېگەن گەپ ، شۇنىڭ بىلەن شۇ ئوتتۇز كوينى شۇ بالىنىڭ مۇئاشىغا قېتىۋەتسەم.....كۈندە ئوتتۇز سومدىن ئايدا **900**كوي.قۇرۇق ئىسنى شۈمۈرۈپ ئۆزۈمنى زەھەرلەشتىن باشقا ئىشىمۇ يوق، كىم دەيدۇ سەكسەن كويلۇق تاماكىدىن ئىس چىقمايدۇ دەپ،بۇنداق قىلسام ئۇ بالىمۇ خوش بولىدۇ، شىركەتمۇ ئارتۇق چىقىمدار بولمايدۇ، مەنمۇ بىرسىگە ياردەم قىلدىم دەپ كۆڭلۈمنى شاد ئېتىپ تۇرىمەن ، ساۋاپ بولۇپ گۇناھلىرىم ئازلاپ قالامدۇ تېخى....

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتۈەردى ،مەنمۇ بارا ـ بارا سەكسەن كويلۇق تاماكىغا كۆنۈپمۇ قالدىم.شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆلۈمىمىزدىكى بىرىنىڭ تولىمۇ مۇشكۈل ئەھۋال ئاستىدا قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدۇق،بۆلۈمدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا خەيرى ـ ئېھسانلىقىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ بىراق بۇ ئىش پەقەت بىر نەچچە ـ قېتىملا داۋاملىشىپ توختاپ قالدى، بۇنىڭغا مەندەك ئۆلارنىڭ خوجايىنى بولغان ئادەم قاراپ تۇرسا بولمايدۇ دە، مائاشىنى

ئۆستۈرۈش كېرەك ،لېكىن شىركەتمۇ ئالدىنقى قېتىم ئۇنىڭغا خېلى ياردەملەرنى قىلدى يەنە ئۆستۈرۈپ بېرىشلار دېگىلى بولمايدۇدە. ئاخىرى بولماي تاماكا پۇلۇمدىن چىقىرىشنى قارار قىلىپ ئاتمىش كويلۇق تاماكا چېكىش نىيىتىگە كەلدىم، ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۆزۈم تولىمۇ مەمنۇن، ئەلۋەتتە ماشا قارىغاندا ئۇ كىشى تېخىمۇ خوشال.

نېمىشقىكىن يېقىندىن بۇيان تاماكا ماشا بىر قىسىملا تېتىيدىغان بولۇپ قالدى، چەككەن تاماكامنىڭ ئەرزان بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى بولمىسا مېنى بىرە كېسەللىك چىرمىۋالدىمۇ ئە شقىلىپ بىر قاپ تاماكا ئالسام ئىككى كۈنگە ئۇلاپ چېكىمەن ، بۇمۇ ياخشى، بولسا تا شلاپلا قۇتۇلاي بۇ نىجىستىن ،توختا زادى بىر ئىش بار ،شۇنچە ئويلىسامۇ يەنىلا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، بىرە مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تاماكىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم، بىراق مېنى تولىمۇ ئەجەپلەندۈرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئەتراپىمدىكى كىشىلەر بارغانچە مەندىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى، بەزى بىر مىش-مىش گەپلەرمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى، بۇرۇنقىدەك ئېسىل تاماكىلارنى سۈڭگۈتىدىغان ئىشلارمۇ يوق .نېمە ئىش دەمسىلەر،يەنىلا شۇ تاماكىنىڭ گېپى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەر مېنىڭ تاماكىغا ئامراقلىقىمنى بىلىدۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئاتمىش كويلۇق تاماكا چېكىدىغانلىقىمنى بايقىغان بەزى كىشىلەر ئۆزىچە گەپ تېپىپ يۈرۈپتۇ.

- ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئەپچىلەمنىڭ ئەملى چۈشۈپ كېتىپتۇ بۇرۇنقىدەك ئېسىل تاماكىلارنى چەكمەيدىغان بوپتۇ.

- ئۆپكە راكى بولۇپ قېلىپ داۋالىنىشقا پۇلى يەتمەي ئەرزان پۇللۇق تاماكىلارنى چېكىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

- ھەي !راك بولغانكىن چەكمىسە بولمامدۇ دەيمەن، تاماكىغا دەششەت ئامراق ئادەمتى ئۇ، ئەرزان پۇللۇق تاماكىغا قانداقمۇ كۆنگەندۇ؟

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاراڭلار، بۆلۈمنى ۋە ئەتراپىمنى بىر ئالدى، ھەتتا نەچچىلىرى ھال سوراپ يېنىمغا كەلگەنمۇ بولدى، مەن بولسام ئۇنداق ئىشلارنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى يولىغا سالدىم.

ھازىرقى ئادەملەرنىزە دەپ قويىمەن ئىچىمدە. ئاشۇنداق مىش-مىش پاراڭلارنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆلۈمىمىزدىن بىرى يېنىمغا ھال ئېيتىپ كىرىپ قالدى.

— كەچۈرسىلە باشلىق، گەرچە يېقىندىن بۇيان سىلىنىڭ ئەھۋالىرىنى ئاڭلاپ يۈرسەممۇ لېكىن بىزدەك ئىشلەيدىغانلارنىڭ قولىدا نەدىمۇ سىزگە ياردەم بەرگىدەك ئىقتىساد تۇرۇپتۇ دەيلا، مانا بۈگۈن يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ سىلىدىن مۇئاشىمنى ئۆستۈرۈپ بېرىش توغرىلىق يانلىرىغا كىرىشىم، مۈمكىن بولسا رەھبەرلىككە بىر دەپ باققان بولسىلا، مېنىڭمۇ سىلىنى ئاۋارە قىلغۇم يوق لېكىن مۇشۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە...

— ھە ماقۇل، كېلەر ئايدىن باشلاپ بۇ ئىشىڭىزنى ھەل قىلايلى.

شۇنداق دېگىنىمچە ئۇ ئاكىمىزنى لايىقىدا يولغا سالدىم، ئاجايىپ قىزىق ئادەملەر بار دېسە ھە، مېنىڭ سۆلتىم نېمىشقا تاماكا ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ دەيمەن، بوپتىلا خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن دېگىنىمچە ئۇ كىشىنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتىم. يەنىلا شۇ ماڭا ئادەت بولۇپ قالغان ئىش بويىچە ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش نىيىتىگە كەلدىم، شۇنىڭ باھانىسى بىلەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئوتتۇز كويلۇق تاماكا چېكىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەتىدىن باشلاپ ئۇششاق پاراڭلار تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشكە باشلىدى، نەچچىلىرى ھال ئېيتىپ شىركەت رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ بېقىشىمنى، يەنە نەچچىلىرى بۇنداق ئەرزان تاماكىنى چەكسەم سۆلتىمگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىممەت-قىممەت تاماكىلارنى ماڭا سۇنۇشقانمۇ بولدى، بىراق مەن ھەممىسىگە رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇردۇم. ئەلۋەتتە مېنى بىئارام قىلىۋاتقىنى بۇ ئىشلار ئەمەس، نېمىشقىكىن بۇ تاماكىغا پەقەتلا كۆنەلمىدىم، چەكمەي دېسەم خۇمارى يامان، چەككەن بىلەن گالدىن ئۆتىدىشى تولىمۇ تەس بولماقتا ئىدى. مۇ شۇنداق ئۆسەك گەپلەر ۋە تاماكىغا كۆنەلمەسلىك ئىچىدە ئىشلىرىمنى نورمال داۋام ئەتمەكتىمەن، ھال ئېيتىدىغانلارمۇ يوقاپ قالدى، خېلى ئۇزاققىچە بۇ تاماكىنى چېكىۋېرىپ كۆنۈپمۇ قالدىم، لېكىن پاراڭلار ھېچ بېسىقىدىغاندەك ئەمەس. بىر كۈنى تۇساتتىنلا بىرسىنىڭ ھالىنى ئاڭلاپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن شارتتىدە يىگىرمە كويلۇق تاماكا ھەققىمدىن كېچىپ ئون كويلۇق تاماكىغا چۈشتۈم. بىراۋنىڭ ئىشىنى لايىقىدا پۈتتۈرۈپ بەردىم دەپ كۆڭلۈم خۇشال ھالدا ماگىزىنغا تاماكا ئالغىلى كىردىم. تاماكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىرتال تۇتاشتۇرغىنىمنى بىلىمەن، بىرنى تارتىپلا ئارقامغا تىرىڭدە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىم، تولىمۇ قاڭسىق. توۋا دەپ قالدىم ئىچىمدە ئىلگىرى ئۈچ كويلۇق تاماكىنىمۇ چەككەن لېكىن بۇنداق بولۇپ باقمىغان، بۇ نېمە ئىش ئەمدى. شۇنداق قىلىپ تاماكىدىكى مەسىلىمۇ ياكى مەندىكى ئىشمۇ بىر بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە يۈز كويغا بىر قاپ تاماكا ئالدىم، نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش شۇنچىلىك قاڭسىق، پەقەتلا ئېغىزىمغا ئالغۇم كەلمەيتى، يەنە باشقا تاماكا ئالدىم ئوخشاشلا.

خوشاللىقىمدىن تىپچەكلەپ كەتتىم، دېمەك تاماكىنى ئۆزۈل-كېسىل تاشلىدىم دېگەن گەپتە بۇ، مانا كۈتكەن ئارزۇيۇمغا ئاخىرى يەتتىم.

مۇشۇ يېقىندىن بۇيان خوشاللىقلار كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى قېشىمغا شىركەتنىڭ باش لىدىرى ۋە بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھال سوراپ كەپتۇ، دەسلەپتە ئۇلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىدىن سەل گاڭگىراپ قالدىم، كېيىن ئۇلارنىڭ گېپىدىن ئۇقسام مىش-مىش پاراڭلار ئۇلارنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەچكە ئۇلار مەندىن ھال سوراپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى مېنى توساتتىنلا كۈلكىگە قىستىدى. قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتىمەن ئۆزۈمچە، ئۇلار مەندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋېدى، مەن ئۆزەمنىڭ ئىشلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەرسەم ئۇلار ھەيران بولۇپ ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قېلىشتى ۋە مېنى بۇ ئەقلىمگە بارىكاللا ئېيتىشىپ مېنى تەغدىرلىمەكچى بولۇشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش بولسا ئۇلارنى ئۇدۇللا ئىزدىشىمنى ئېيتىشتى.

مەن تولىمۇ خوشال، شۇ تاپتا مېنىڭ رەھبەرلەرگە ئەمەس بەلكى مەندىن ياردەم سورىغان شۇ كىشىلەرگە بەكراق رەھمەت ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ.

- رەھمەت سىلەرگە سىلەر بولغاچقىلا مەن ئاخىرى تاماكىنى تاشلىيالىدىم، رەھمەت سىلەرگە.

ياڭغىن ئېلكىتابلىرى

**ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى**

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: ياڭغىن، نازىيەرى، **oqugin**

**www.yanghin.cn** **www.yanghin.net**

**admin@yanghin.net** **kitab@yanghin.net**